# 115148 - دۇرۇس بولىدىغان ۋە دۇرۇس بولمايدىغان ھېيت-بايرام ۋە مۇراسىملار توغرىسىدا

## سوئال

ھازىرقى زاماندا بىز مۇھاجىرلار باشقا دىندىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە خەلقئارالىق بىر جەمئىيەتتە ياشايمىز، مۇشۇ جەمئىيەتتە مەلۇم شەخسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇغۇلغان كۈنى مۇراسىمى ۋە ئىسلامى شەكىلدىكى توي مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزسەك توغرا بولامدۇ؟ بىز ئىسلام دىنىنىڭ سىرتىدىكى ھېچقانداق مۇراسىم-پائالىيەتلەرگە قاتناشمايمىز، ھېچقانداق بىر دىنغا نىسبەت بېرىلمەيدىغان، شۇنداقلا بىرەر دىن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان، "ھالوۋىيىن" ( (Halloween "كرىيسمىس" (يېڭى يىل بايرىمى)، "ۋالىنتاين" (day Valentine) (ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى)، "مەسىيھىيە"، "ئەددىيسىيرا"، ئەددىيپالى"،"ئەلھىندوسىيىن" قاتارلىق مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەرگە قاتناشساق بولامدۇ؟. ھېچ قانداق بىر دىن بىلەن باغلىنىشى بولمىغان بايرام-مۇراسىملارغا قاتناشسا بولامدۇ؟ مەن: daruliftaa.com ۋە islamonline.net قاتارلىق تور بەتلىرىدە ئاددى مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكە مۇمكىن بولىدىكەن، ئەمما يېقىنقى ئون بەش يىلدىن بىرى پەرزەنتلىرىمنى قانائەتلەندۈرۈشۈم بەك قىيىن بولىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئىلىپ بېرىلىۋاتقان مۇراسىملارنىڭ ھېچ بىرى ئىسلامى مۇراسىم ئەمەس، بۇنداق مۇراسىملار بىزنىڭ دىنىمىزدا قوبۇل قىلىنمايدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالا يولغا قويغان ئىسلام پىرىنسىپىدا توي مۇراسىملىرى ۋە باشقا دۇنياۋى پائالىيەتلەرنى ئىلىپ بېرىش چەكلەنمەيدۇ، بۇنىڭ شەرتى، بۇ پائالىيەت جەريانىدا ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ئىشلار يۈز بەرمەسلىكى، يات ئەر-ئاياللار ئارىلىشىپ ئولتۇرماسلىقى، تۈرلۈك مۇزىكا-چالغۇلىرى بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇراسىملار ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان ئىبادەتلەردىن بولماستىن بەلكى تويلىشىپ خۇرسەنلىك، خوشاللىقنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئەسلىدە ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلىش دۇرۇس، ئىبادەت بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىبادەت چەكلىمە بولۇپ، دەلىل بىلەن يولغا قويۇلغاندا قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

ئىسلام دىنىمىزدا چەكلەنگەن مۇراسىم-پائالىيەتلەر بولسا؛ يېڭى يىل بايرىمى، ۋە ئانىلار بايرىمى دېگەنگە ئوخشاش كاپىرلارنىڭ دىنى شۇئارلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇنكەر ئىشلار قىلىنىدىغان مۇراسىملاردىن ئىبارەتتۇر. بىز

ھەرقانداق ئىشلىرىمىزدا غەيرى دىندىكىلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن قاتتىق چەكلەنگەن، بولۇپمۇ بۇنداق مۇراسىملار بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسەت قىلىندىكەن بۇنىڭ جىنايىتى بەك چوڭ بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ مۇراسىمدا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بىدئەت-خۇراپاتنى بىرگە ئېپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستان دائىمى كومىتېتى ئالىملىرىدىن: بالىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بايرام ئۆتكۈزۈشنىڭ ھۆكمى قانداق؟ بىز ئۇ كۈنده بايرام قىلغاندىن روزا تۇتۇشنى ياخشى دەپ قارايمىز، بۇ قاراش توغرىمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى، ياكى تۇغۇلغان كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىشلار دىندا ئەسلى بولمىغان بىدئەت ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ.
مۇسۇلمان كىشى دىندا پەرز قىلىنغان ئىبادەتلەرنى، ئۇنىڭدىن باشقا نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشى كېرەك، ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ شۈكرى قىلىشى، يىللارنىڭ، ئايلارنىڭ ۋە كۈنلەرنىڭئۆتىشى بىلەن تىنىنىڭ سالامەتلىكى، ئائىلە، بالا-چاقىلىرى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىق بولغانلىقىغا ئاللاھ تائالا چەكسىز مەدھىيە ئېيتىشى كېرەك". شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز، شەيخ سالىھ ئەلپەۋزان، شەيخ بەكىر ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار. "دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى"2-توم 260- 261-بەتلەر].

ئۇنىڭدىن باشقا شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز ۋە شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ: "تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈشنىڭ ھۆكمى" توغرىسىدىكى 1027 -26804-نومۇرلۇق سوئاللاردىكى جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ: "ئانىلار بايرىمى" توغرىسىدىكى 59905- نومۇرلۇق سوئالدىكى جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

بىدئەت بايراملار توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچەنامىلىق 10070-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.